## 239417 ـ ھەقىقى ئىسلام تەربىيىسىگە يېتىشىنىڭ يولى قانداق بولىدۇ؟

### سۇئال

قۇرئان ئۆگىتىدىغان ئۇستازلار كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە ياد قىلغان كىشىلەر كۆپ، بەزى ئۇستاز ۋە ئوقۇتقۇچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن پىقھى ئۆگۈنىدىغانلارمۇ بار، لېكىن بىز ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئارىلىشىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمىز؛ ناچار تەربىيە ياكى باشقىچە ئېيتىدىلىگەندە، ھەممىنى ۋەيران قىلىدىغان، قورقۇنۇچلۇق تەربىيە ساۋاتسىزلىقىدىن ۋە جاھىللىقتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنداقتا تەربىيە قىلغۇچىلار نەدە؟، بۇنىڭغا يېتىشىنىڭ يولى قانداق بولىدۇ؟، شەرئى تەلىم ـ تەربىيە پروگراممىسىغا تەربىيە ماددىسىنى كىرگۈزۈشىنىڭ ئۇسۇلى قانداق؟، تەربىيىسىز ئىلىمنىڭ نىمىگە پايدىسى بولىدۇ؟، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قارىشىدا تەربىيە پروگراممىسىنىڭ مەۋجۇتسىزلىقىنى قانداق چۈشىنىمىز؟، ئۇلار نىمە ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە يولىنى تاللىدى؟، تەلىم ـ تەربىيەدە ئائىلىنىڭ رولى توغرىسىدا نىمە دىسەك دېگىلى بولىدۇ. تەربىيىدىكى ۋەيرانچىلىقتىنمۇ چوڭ ۋەيرانچىلىق بولامدۇ؟. ھەقىقى تەربىيىچى ئوقۇتقۇچى ۋە خانىملارنى قانداق يېتىشتۈرۈمىز؟ تەربىيە ئۆز ئالدىغا بىر ئىلىممۇ ياكى ئىلىم ئېگىلىرىدىن بىلىدىغان ۋە چۈشىنىدىغان چۈشەنچىمۇ؟، ئىلگىرىكى ئۆلىمالار، پادىشاھلار ۋە ھۆكۈمرانلار، ئابرۇيلۇق كىشىلەر ۋە ئومۇمى خەلق ئەۋلادلىرىنى قانداق تەربىيىلىگەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھەرقانداق ئوي ـ پىكىر ئىگىسىگە، ئىلىم بىلەن ئەمەلنىڭ، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن تەربىيىنىڭ ئارىسىغا پاسىلە چۈشكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. بۇنىڭغا ئەگىشىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشىدا، تەربىيە مەسىلىسى نەزەرىيە تونۇش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تۇرلۇك ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلىشىگە ئالاقىدار مەسىلە دەپ قارىدى. تەربىيە ئۇلارنىڭ تەربىيە ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ۋاسىتىلاردىن، ئۇنىڭدىن باشقا تەتقىقات ماتېرىياللىرى ۋە ئەسەرلەردىن پايدىلىنىش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلغان بىلىمىگە قارىتا بولىدۇ. ھەتتا ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلار شەرئى دەلىللەرنىڭ ئەمەلىي تەربىۋىي تەرىپىگە ئەھمىيەت بەرمەستىن، زېھنى تەربىيە ئورنىغا قويىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىنىڭ دەلىلى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىدە ئۆز ئېيادىسىنى تاپىدۇ: إِنَّمَا يَخْشَى اللَّـهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ [سۈرە پاتىر 28-ئايەت].

يۇقىرىقى ئايەتتىن شەرئەت ئەھكاملىرىنى بىلىدىغان ھەممە ئۆلىما ۋە تەتقىقاتچى ھەممە ئالىم ئاللاھدىن قورقىدۇ دېگەن مەنا

ئىپادىلەنمەيدۇ، بەلكى ئاللاھدىن قورقىدىغان ھەممە كىشى ئالىم دېيىلىدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. (يەنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ، توسقانلىرىدىن چەكلىنىپ، كۆندۈلۈك تۇرمۇشىدا قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ روھى بىلەن ياشىغان كىشى، رەببىنى ماھىيەتتىن تونۇغان ۋە ئۇنىڭدىن قورققان بولىدۇ ــ م ــ).

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالار توپلىمى 7–توم 539–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئاللاھ تائالانىڭ: ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھدىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ دېگەن بۇ ئايەت ئاللاھدىن قورقىدىغان كىشىنىڭ ئالىم ھېسابلىنىدىغانلىقى، بۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكى، ھەرقانداق ئالىم ئاللاھدىن قورقىدۇ دېگەننى بىلدۈرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ".

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالار توپلىمى 7–توم 21–بەتتە مۇنداق دەيدۇ: بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ئاللاھدىن پەقەت ئالىملار قورقىدۇ، ئاللاھ تائالا، ئاللاھدىن قورقىدىغان ھەرقانداق كىشىنى ئالىم دەپ سۈپەتلىدى. ئاللاھ تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: أَمَّنْ هُوَ قَانِتٌ آنَاءَ اللَّيْلِ سَاجِدًا وَقَائِمًا يَحْذَرُ الْآخِرَةَ وَيَرْجُو رَحْمَةَ رَبِّهِقُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَإِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُولُو الْأَلْبَابِ تەرجىمىسى: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم ياخشىمۇ؟. ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ. [سۈرە زۇمەر 9–ئايەت].

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ ئىشارەت قىلغان يەنە بىر ئايەت، ئۆز ئورنىنىڭ غەيرىگە قويۇلغان ئايەت بولۇپ، گەرچە ئىلىم، مەرىپەت تەربىيە ۋە ئەمەلدىن خالى بولسىمۇ ئىلىم ــ مەرىپەتنى مەدھىيىلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئايەتنىڭ ئەۋۋىلىنى ئەمەس بەلكى ئاخىرىنى دەلىل قىلماقچى بولغانلىقى ئېنىقتۇر. ئۇ ئايەت بولسا ئاللاھ تائالانىڭ: قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ تەرجىمىسى: ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ دېگەن بۇ ئايىتى، ئايەتنىڭ باش تەرىپىدە كەلگەن: أَمَّنْ هُوَ قَانِتٌ آنَاءَ اللَّيْلِ سَاجِدًا وَقَائِمًا يَحْذَرُ الْآخِرَةَ وَيَرْجُو رَحْمَةَ رَبِّهِ تەرجىمىسى: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ ياكى ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم ياخشىمۇ؟ دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان بىلىدىغانلار بولسا، ئۇلار: ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە جەننىتىنى تاما قىلىپ كېچىلىرى قىيامدا تۇرىدىغان، سەجدە قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، بىلمەيدىغانلار بولسا، ئۇلار: بۇ پەزىلەتتىن غاپىل قالغۇچىلاردۇر. بۇنى ياخشى ئويلىنىش كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ "سائادەت دىيارىنىڭ ئاچقۇچى" ناملىق ئەسىرى 1–توم 89–بەتتە مۇشۇ ياپتىكى ئومۇمى قائىدىنى بېكىتىپ مۇنداق دەيدۇ: "ئىلگىرىكى ئالىملار پىقھى دېگەن ئىسىمنى ئەمەل بىلەن بىرگە بولغان ئىلىمگە ئىشلىتەتتى".

بۇ ئىلگىرىكى سەلەپ ئالىملىرىنىڭ قارىشىدىكى ئەمەل بىلەن ئىلىم بىرگە بولغان پىقھىنىڭ ھەقىقىتىدۇر. كۆپلىگەن دەۋەتچى، تەربىيىچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ زىھنىدىن بۇ ھەقىقەت يوقالغاندا، ئۇلار قەلبىنى ئىسلاھ قىلىش، نەپسىگە قارشى كۆرەش قىلىش، ئەخلاقىنى ياخشىلاش قاتارلىق ئەخلاق يۆلۈنىشىدىن خالى بولغان ئىلىم نەزەرىۋىي تەربىيەچىلەر بارلىققا كەلدى. ئۇلار بۇنى ئارزۇ قىلىنغان ئىلىم، مەقسەت قىلىنغان پىقھى دەپ ئويلاپ قالدى، ئەمەلىيەتتە ئىش ئۇنداق ئەمەس.

ئەۋلادلارنى ئەخلاقى ۋە دىنى جەھەتتىن تەربىيىلەش پەقەت ئوقۇتقۇچىلار ياكى ئىسلاھاتچىلار ياكى دەۋەتچىلار ياكى ئۆلىمالاردىن ئىبارەت ھەقىقى تەربىيچىلەر بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. ھەقىقى تەربىيىچى (يەنى رەببانىي ئالىم) دىگەن: ئىلىمدە، ئەمەلدە ۋە تەلىم_تەربىيىدە ئاللاھ تائالاغا نىسبەت بېرىلگەن كاتتا نىسبەتتۇر.

بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَلَٰكِن كُونُوا رَبَّانِيِّينَ بِمَا كُنتُمْ تُعَلِّمُونَ الْكِتَابَ وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ تەرجىمىسى: لېكىن ئۇ: كىتابنى ئۆگەتكەنلىكىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار، دەيدۇ. [سۈرە ئال ئىمران 79-ئايەت].

ئىمام شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ "پەتھۇل قەدىر" ناملىق ئەسەرىنىڭ 1-توم 407-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "(ئەررەببانى) دىگەن ئاللاھ تائالاغا نىسبەت بېرىلگەن ئاشۇرما ئىسىم بولۇپ، بۇ ئىسىمنىڭ ئاخىرىغا "ئەلىپ بىلەن نۇن" زىيادە قىلىنغان، بۇ خۇددى ئەرەب تىلىدا: ساقىلى چوڭ كىشىنى"لىھيانىي"،ماڭلىيى چوڭ كىشىنى"جۇممانىي"، گەدىنى چوڭ كىشىنى" رەقەبانىي" دىگەنگە ئوخشاش. بەزىلەر: رەببانىي دىگەن: كىشىلەرنى چوڭ بولۇشتىن ئىلگىرى كىچىك ۋاقتىدا ئىلىم بىلەن تەربىيىلىگەن كىشى بولۇپ، ئۇ كىشى ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇشتا ئاللاھ تائالاغا ئەگىشىدۇ".

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: تەربىيە دىگەن ئەمەلىي ئەھۋاللاردىن خالى بولغان ئاغزاكى سۆز ئەمەس، ئىمانىي مەنالاردىن خالى بولغان نەزەرى قۇرۇلما ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىدە مۇستەھكەملىكىنى، ئىلىم بىلەن كەڭ قورساقلىقنى، ھىكمەت بىلەن چۈشەنچىنى، بىلگەن نەرسىلەرگە ئەمەل قىلىشنى ۋە چۈشەنگەن نەرسىلەرنى باشقىلارغا تەلىم بېرىشنى ھاسىل قىلىدىغان تەربىينىڭ ئورىيتىسىدۇر.

ئىمام شەۋكانى رەھىمەھۇللاھ دەلىل كەلتۈرگەن ئاللاھ تائالانىڭ: وَبِمَا كُنتُمْ تَدْرُسُونَ ئايىتىدىكى، دال ھەرىپىنى تاشتىلىق ئوقۇغاندا، رەببانىي دىگەن سۆز ئىلىم ئۆگىنىش ۋە ئۆگۈتۈشتىن زىيادە بولغان ئىشلارنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇئىلىم ئېلىش ۋە ئۆگۈتۈش بىلەن بىرگە ئىخلاسمەن بولۇش، ھېكمەتلىك ۋە مۇلايىم بولۇش قاتارلىق پەزىلەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىپادىلىنىشى لازىم بولىدۇ.

ئايەتتىكى دال ھەرىپىنى ساكىنلىك يەڭگىل ئوقۇغاندا، كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكەن ئالىمنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر ئۆلىما بولغانلىقىڭلار ۋە كىشىلەرگە ئىلىم ئۆگەتكەنلىكىڭلار سەۋەبىدىن كىشىلەرگە تەلىم بېرىدىغان مۇئەللىملەردىن بولۇڭلار دىگەن بولىدۇ.

بۇ ئايەتتىكى مەقسەت: "كىمكى ئىلىمنى ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگەنسە، ئاللاھ تائالاغا ئىخلاسمەن بولۇپ بىلگىنىنى باشقىلارغا

ئۆگىتىشتىن ئىبارەتتۇر" ["پەتھۇل قەدىر" ناملىق ئەسەر 1-توم 407-بەت].

بۇنىڭدىن رەببانىي تەربىيە مېتۇدىنىڭ مېۋىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسى بولسا ھەرىكەتنىڭ ھەقىقىتىدىن خالى بولغان شەكلى سۆز بولماستىن بەلكى ئەمەلىي ھالەت بىلەن تەربىيىلەشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھاپىز ئىبنى رەجەپ رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ "سەلەپ ئالىملارنىڭ ئىلمىنىڭ كېيىنكى ئالىملارنىڭ ئىلمىگە بولغان ئارتۇقچىلىقى" ناملىق رىسالىسى 5-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "مۇشۇ سۆز بىلەن كېيىنكى ئالىملاردىن كۆپ كىشىلەر قايمۇقۇپ قالدى، ئۇلار ئۆز گۇمانى بويىچە دىنى مەسىلىلەردە سۆزنى كۆپ قىلغان، تالاش-تارتىشنى كۆپ قىلغان ۋە كۆپ ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىنى ئۇنداق قىلمىغان كىشىلەردىن بىلىملىك دەپ قارىغان".

بۇ ئوپ-ئوچۇق نادانلىق، سىلەر ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلىي، مۇئاز، ئىبنى مەسئۇد ۋە زەيد ئىبنى سابىت (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىق پىشقەدەم ساھابىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرىغا قاراپ بېقىڭلار، ئۇلار قانداق بولغان؟، ئۇلارنىڭ سۆزى ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزىدىن ئاز ئىدى، ئۇلار ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بەكرەك ئالىم ئىدى.

شۇنىڭدەك كېيىنكى تابىئىنلارنىڭ سۆزىمۇ ئىلگىرىكى ساھابىلەرنىڭ سۆزىدىن كۆپ بولغان ئەلۋەتتە ساھابىلار ئۇلاردىن ئالىم ئىدى.

شۇنىڭدەك تابىئىنلاردىن كېيىنكى كىشىلەرنىڭ سۆزىمۇ تابىئىنلارنىڭ سۆزىدىن كۆپ بولغان بولسىمۇ تابىئىنلار ئۇلاردىن بەكرەك ئالىم ئىدى.

ئىلىم دېگەن كۆپ رىۋايەت قىلىش ۋە كۆپ سۆزلەش بىلەن ئەمەس بەلكى ئۇقەلبلەرگە تاشلىنىدىغان بىر ئىلاھى نۇر بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسان ھەقنى چۈشىنىدۇ، ھەقىقەت بىلەن باتىلنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدۇ ۋە مەقسەت ھاسىل بولىدىغان قىسقا ئىبارەتلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ".

مانا بۇ مۇسۇلمانلار ئائىلىلىرى ۋە تەلىم ئورگانلىرى ئەلەم چېكىۋاتقان چوڭ مۇسىبەت بولۇپ، ئۇلار سۆزى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدىغان ۋە تەربىيىلەيدىغان ياخشى تەربىيىچى ئۈلگىلەرنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىدىندۇر، ھەقىقى تەربىيەتچىلەر تەلىم-تەربىيە ئۆگۈتۈشتە توغرا سۆز بىلەن ياخشى ئەمەلىنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھىكمەت بىلەن ئاللاھنىڭ دىنىنى ياخشى چۈشۈنۈش بىلەن بولىدۇ.

ئىبنى جەۋزىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بىلىشىڭلار كېرەككى، تەربىيە يەرگە سالىدىغان ئۇرۇققا ئوخشايدۇ، تەربىيىچى ئۇرۇق سالىدىغان زېمىنغا ئوخشايدۇ، زېمىن ناچار بولسا ئۇ زېمىندا ئۇرۇق زايە بولۇپ كېتىدۇ، زېمىن ياخشى بولسا ئۇرۇق ياخشى ئۆسىدۇ." [ئىبنى مۇپلىھ رەھىمەھۇللاھنىڭ: "شەرئىيەت ئەدەپلىرى" ناملىق ئەسىرى 3-توم 580-بەت].

ئۆلىمالار ۋە پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىسلاھ بولۇشنى خالىغانلار ئىسلاھ بولدى، دىننى چۈشىنىدىغان، تەربىيەتچىلەردىن ئىسلاھ قىلىشنى خالىغانلار ئىسلاھ قىلدى، بۇ يەردە سەۋەب ۋە باھانىلارنى تاشلاپ، ئىشلار تەربىيچىلەرنىڭ تەربىيچىسى بولغان، بەندىلەرنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ياراتقۇچى، توغرا يولغا باشلىغۇچى بولغان ھەقىقى تەربىيچى ئاللاھ تائالاغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيچىلەرنىڭ قىلىدىغان ئىشىنىڭ ئاخىرقى غايىسى ئۇ تەربىي قىلىش ۋە ئەدەپ ئۆگۈتۈشتىن ئىبارەت، ئەمما ھەقىقى تۈزۈتۈش، ئىسلاھ قىلىش، قەلبلەرنى ئۆزگەرتىش بولسا ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن "ئەدەپ ئۆگۈتۈش ئاتا-ئانىلاردىن، تۈزۈتۈش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئاللاھدىن" دېيىلىدۇ. [ئىبنى مۇپلىھ رەھىمەھۇللاھنىڭ: "شەرئىەت ئەدەپلىرى" ناملىق ئەسىرى 3-توم 552-بەت].

ئاخىرىدا تەربىيىنى ئەمەلىي ۋەقەلىكتە روياپقا چىقىرىشنىڭ يولىنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا ئىخچاملايمىز:

1-دەۋەتچىلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىنىڭ ھەقىقىتى ۋە تەربىيگە ئالاقىدار بولغان ئەھۋاللارنى ھېس قىلىشى ۋە ياخشى بىلىشى كېرەك.

2- ئۆلىما ۋە ئىسلاھاتچىلار ئومۇمى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بولغان رەببانىي تەربىيە ۋاستىلىرىنى ياخشى چۈشۈنۈشى كېرەك.

3-ئىسلاھاتچىلار ئىلىم-مەرىپەت ئورگانلىرىغا باراۋەر بولغان تەربىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇشتا ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىكى يۈز-ئابرۇيلۇق، پەزىلەتلىك ئورگان يېتەكچىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ تەربىيە ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرىدىغان بىر بۆلەك ھەقىقى تەربىيچى ۋە ئەدەپ ئۆگەتكۈچىلەرنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.